شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
12
شەنبە
维吾尔文 10 月12日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24846 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى رائۇل كاسترو ۋە كۇبانىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن دۆلەت رەئىسى دىئاز كانېلغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇبا كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى رائۇل كاسترو ۋە كۇبانىڭ يېڭىدىن سايلانغان دۆلەت رەئىسى دىئاز كانېلغا تېلېگرامما يوللاپ، كۇبا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ھاكىمىيىتى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چېننايدا ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ھىندىستان چېنناي، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار سۇن يۈك، خو شياۋگۇاڭ، لو جۈن) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چېننايدا ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ چۈشكەن مېھمانخانىدىن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ماخابالى پۇرام قەدىمىي ئىبادەتخانىلار توپىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يول بويى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ چوڭ سۈرەتلىرى ھەممىلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ھەر ساھە ئاممىسى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ قارشى ئالدى، مىللىيچە چىرايلىق كىيىنگەن ياش ئوغۇل - قىزلار دۇمباق چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

مودى كىرىش ئېغىزىدا كۈتۈۋېلىپ، شى جىنپىڭنىڭ چېننايغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇلتۇر مەن زۇڭلى ئەپەندى بىلەن ۋۇخەندە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى يېڭى باسقۇچقا كىرىشكە يېتەكلىدۇق. مەن سىزنىڭ تەكلىپىڭىزگە بىنائەن، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تەمىل نەدۇ ئىشتاتىغا كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال، ھىندىستانغا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقۇسى.

ماخابالى پۇرام قەدىمىي ئىبادەتخانىسى مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە سېلىنغان بولۇپ، ئەرجۇنە تاش ئويمىسى، بەش ئۇرۇش ماشىنىسى بۇتخانىسى، دېڭىز قىرغىقى بۇتخانىسى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. مودى شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىر - بىرلەپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم ئۆزى چۈشەندۈردى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى ماڭغاچ سۆزلىشىپ، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەدەنىيلىك سۆزلىشىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ئۈستىدە ئورتاق پاراڭلاشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھىندىستانغا بېرىپ جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىش ھەم نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇش ئۈچۈن بېيجىڭدىن ئايرىلدى

شى جىنپىڭ ھىندىستان چېننايغا يېتىپ باردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ھىندىستان چېنناي، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خۇ شياۋمىڭ، شى شياۋمىڭ) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن چېننايغا يېتىپ باردى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى مودىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ.

شۇ جاي ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 2دىن 10 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان چېنناي خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندى. شى جىنپىڭ ئايروپىلان بۆلۈمچىسىنىڭ ئىشكىدىن چىققاندا، ھىندىستان تەمىل نەدۇ ئىشتاتىنىڭ ئىشتات باشلىقى پۇروھىت، باش مىنىستىرى پالانىئاسۋامى قاتارلىقلار ئايروپىلان شوتىسى يېنىدا كۈتۈۋېلىپ، شى جىنپىڭغا گۈل تۇتتى. مىللىيچە كىيىنگەن شۇ جايدىكى ئاممىلار ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى، بەزىلىرى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پولودو ئۇسسۇلى ئوينىسا، بەزىلىرى ياغاچ ئاياغ ئويۇنى، قېيىق ئويۇنى ئويناپ، جۇڭگولۇق ئەزىز مېھماننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دوستانە قارشى ئالدى.

شى جىنپىڭنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى ئايروپورتتىن ئايرىلىپ شەھەر رايونىغا قاراپ ماڭغان يول بويىدا، شۇ جايدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ۋە ئاممىلار كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ، جۇڭگو ۋە ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن زۇڭلى مودىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ، «جۇڭگو - ھىندىستان دوستلۇقى» دەپ تەنتەنە قىلىپ، رەئىس شى جىنپىڭنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ نېپال تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى

ھىمالايادىن ھالقىغان دوستلۇقنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەيلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇش ئالدىدا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپالنىڭ «گوركا گېزىتى»، «يېڭى گۈللەنگەن نېپال گېزىتى» ۋە «كانتىپۇر گېزىتى»دە «ھىمالايادىن ھالقىغان دوستلۇقنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - نېپالنىڭ تاغ - دەريالىرى تۇتاش، ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتكەن. 1955 - يىلى جۇڭگو بىلەن نېپال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى دۆلەت باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، قوشنا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، دوستانە ھەمكارلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو خەلقئارا رەقەملىك ئىقتىساد كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 2019 جۇڭگو خەلقئارا رەقەملىك ئىقتىساد كۆرگەزمىسى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجياجۇاڭ شەھىرىدە باشلاندى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيادا، پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، رەقەملىك ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ تۈردىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچىدە يىللىق ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى

شەھەر - بازارلاردا 466 مىڭ 700 كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى

66 مىڭ 300 كىشى يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىدى، ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى نامرات ئائىلىلەردىن 65 مىڭ 74 كىشى تەشكىللىك يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ئېشىشىنى ساقلىغان، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق كۆپ تۈردىكى كۆرسەتكۈچلەردە يىللىق نىشان - ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالغان، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن مۇقىم ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش

—— سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

□مۇخبىرىمىز گې يۈەجۈن
سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن
ياڭ خېيجۈن

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلدى. مېخانىزم بەرپا قىلىش ئارقىلىق، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەگە بولغان ئۆگىنىش ۋە تەسىراتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى ——

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشىمىز

ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، يېڭى مۇساپىدە داۋاملىق كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇلۇغ چاقىرىقى چىقىرىلدى، بۇ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى شان - شەرەپكە يۈزلىنىشىنىڭ خىتابنامىسى ۋە سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى. ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، بىز چوقۇم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 - كەسىپىنىڭ سەۋىيەسىنى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆日报网
天山网 APP
新疆头条 APP
微信公众号